گرىم چۆچەكلىرى 2

# پاقا شاھزادە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

گىرىم چۆچەكلىرى





# پاقا شاھزادە

تەرجىمە قىلغۇچى: پاتىگۈل مىجىت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

格林童话选. 2：维吾尔文/（德）格林（Grimm，J.），（德）格林（Grimm，W.）著；帕提古丽·米吉提译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.5
ISBN 978－7－228－10965－4

Ⅰ.格… Ⅱ.①格… ②格… ③帕… Ⅲ.童话－作品集－德国－近代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I516.88

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2007）第 069627 号

| | |
|---|---|
| **著　　者** | （德）格林兄弟 |
| **译　　者** | 帕提古丽·米吉提 |
| **责任编辑** | 艾合买提·伊明 |
| **责任校对** | 古丽夏尔·纳格买提 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆新华印刷二厂 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 3.375 |
| **版　　次** | 2007 年 5 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2007 年 5 月第 1 次印刷 |
| **印　　数** | 1—5000 册 |
| **书　　号** | ISBN 978－7－228－10965－4 |
| **定　　价** | 6.00 元 |

如有印装错误，请与维文编辑部发行科联系。

بۇ كىتاب ئۆسمۈر ـ بالىلار نەشرىياتىنىڭ 1985 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1986 ـ يىل 12 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.


本书根据少年儿童出版社 1985 年 8 月第 1 版，1986 年 12 月第 2 次印刷本翻译出版。

# پاقا شاھزادە


**ئاپتورى :** ي.گرىم، ۋ.گرىم (گېرمانىيە)
**تەرجىمە قىلغۇچى :** پاتىگۈل مىجىت
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى :** گۈلشەھەر نىغمەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991—2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**باسقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 3.375
**نەشرى :** 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى :** 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى :** 1—5000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—10965—4
**باھاسى :** 6.00 يۈەن



تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تارقىتىش ئىشخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.




此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە


باتۇر تىككۈچى ........................ 1

ئاپئاق مەلىكە ........................ 22

ئالتۇن قۇش ............................ 43

ئۈچ تال پەي ........................... 60

تۈگمەنچىنىڭ شاگىرتى بىلەن پۈچقاق مۈشۈك

..................................................... 69

پاقا شاھزادە .......................... 79

تىترەشنى ئۆگىنىش ...................... 88

# باتۇر تىككۈچى

يازنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى تىككۈچى دېرىزىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ كىيىم تىكىۋاتسا، بىر ئايالنىڭ «مۇراببا ساتىمەن، مۇراببا...» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

بۇ ئاۋاز تىككۈچىنىڭ قۇلىقىغا بەكمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— سۆيۈملۈك خانىم، ماۋۇ يەرگە چىقىڭ، مۇراببايىڭىزدىن ئالماقچىمەن، — دەپ توۋلاپتۇ.

ھېلىقى ئايال ئېغىر سېۋەتنى كۆتۈرۈپ بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە — تىككۈچىنىڭ ئۆيىگە چىقىپتۇ. ئۇ تىككۈچىگە خېلى جىق مۇراببا سېتىۋالىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپ ھەممە كوزا - قاچىلىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ مۇراببا ئۇسۇشقا تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ. تىككۈچى قاچا - كوزىلاردىكى مۇراببالارنىڭ ھەممىسىگە زەن سېلىپ قاراپتۇ، قولىغا ئېلىپ پۇراپتۇ، ئاخىردا:

— ماڭا مۇراببادىن ئىككى سەر بەش مىسقال تارتىپ بېرىڭ، ئۈچ سەر بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى، — دەپتۇ.

ئايال خېلى جىق مۇراببا سېتىش ئۈمىدىدە ئۈچىنچى قەۋەتكە چىققانىكەن. ئۇ تىككۈچىنىڭ دېگىنىنى تارتىپ



بېرىپتۇ ـ دە، غۇدۇرىغىنىچە پەسكە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— بۇ مۇرابىبانىڭ سالامەتلىكىمگە پايدىسى جىق جۇمۇ، — تىككۈچى شۇنداق دېگىنىچە ئاشخانىدىن بىر پارچە بولكىنى ئاچىقىپتۇ ـ دە، ئۇنى ياپىلاقلاپ كېسىپتۇ، ئاندىن ئۈستىگە مۇرابىبانى سۈرتۈپ، — بۇنىڭ تەمى چوقۇم ياخشى. لېكىن، مەن ئۇنى مۇشۇ جىلىتكىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ يېيىشىم كېرەك، — دەپ يېمەي ئېلىپ قويۇپتۇ.

ئۇ بولكىنى يېنىغا قويۇپ كىيىم تىكىشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كەيپى چاغ بولغاچقىمىكىن، قىلغان ئىشى ناھايىتى ئاۋۇپتۇ. بۇ چاغدا، مۇرابىبانىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى تامدىكى بىر توپ چىۋىنىنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۇژۇلداشقىنىچە كېلىپ بولكىغا ئولىشىپتۇ. تىككۈچى بۇنى كۆرۈپ:

— ۋۇي، كىم سىلەرنى چىللاپ كەلدى؟ — دەپ چىۋىنلارنى قورۇپتۇ. بىراق نېمىسچە بىلمەيدىغان بىزەڭ چىۋىنلار يوقىلىش تۈگۈل بارغانسېرى ئاۋۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن زەردىسى قايىنىغان تىككۈچى قولىغا بىر پارچە لاتىنى ئېلىپ:

— توختاپ تۇرۇش، ئەدىپىڭلارنى بەرمەيدىغان بولسام، — دېگىنىچە چىۋىنلارنى پاقىلدىتىپ ساۋىغىلى باشلاپتۇ.

ئۇ لاتىنى تاشلاپ شۇنداق سانىسا، ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس يەتتە چىۋىن ئۆلۈپ پۇت ـ قوللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ

ياتقۇدەك. تىككۈچى ئۆزىنىڭ بۇ باتۇرلۇقىدىن پەخىرلىنىپ-
تۇ ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئەسلىدە مەن مۇشۇنداق يارامىلىق،
مۇشۇنچە باتۇر ئەزىمەت ئىكەنمەنغۇ، بۇنى پۈتۈن شەھەردىكى
خالايىق بىلىشى كېرەك» دەپتۇ ـ دە، ھاپىلا ـ شاپىلا بىر
بەلۋاغ تىكىپ، ئۇنىڭغا يوغان قىلىپ: «بىر ئۇرۇشىدا يەتتى-
نى ئۆلتۈرگەن» دېگەن خەتنى كەشتىلەپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە:
«مېنىڭ باتۇرلۇقۇمنى بىر شەھەردىكى ئادەمنىڭ بىلىشى
قانچىلىك ئىش ئىدى. بۇنى يەر يۈزىدىكى جىمى ئادەم بىلى-
شى كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، خەت كەشتىلەنگەن بەلۋاغ-
نى بېلىگە باغلاپ تالاغا مېڭىپتۇ. چۈنكى، ئۇ بۇ كىچىككى-
نە سەيپۇڭخانىدا باتۇرلۇقىنى نامايان قىلالمايدىكەن. ئۇ يول-
غا چىقىش ئالدىدا ئېلىۋالغۇدەك بىرەر نېمە چىقىپ قالار-
مىكىن، دېگەن ئۈمىدتە ئۆيىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرى-
رىنى ئاختۇرۇپ چىقىپتۇ، ئەمما بىر پارچە ئېشىپ قالغان
پىشلاقتىن باشقا ھېچ نەرسە تاپالماپتۇ ـ دە، ئۇنى ئېلىپ
خالتىسىغا سېلىۋاپتۇ. ئاندىن ئىلگىرى ئورماندىن تۇتۇۋال-
غان بىر قۇشنىمۇ قەپەستىن ئېلىپ پىشلاق سالغان خالتى-
سىغا سېلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ.

تىككۈچى يولغا چىقىپتۇ. ئۇ نۇرغۇن يوللار باسقان
بولسىمۇ قىلچە ھارماپتۇ. چۈنكى، ئۇ ئورۇق بولۇپ، بەدىنى-
دە ئارتۇقچە گۆش يوق، ناھايىتى يېنىك ئىكەن. ئۇ بىر چە-
غىر يول بىلەن مېڭىۋېرىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر
چاغدا ئېگىز بىر تاغنىڭ باغرىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ تاغنىڭ

ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ شۇنداق قارىسا، بەھەيۋەت بىر دىۋە ئەتراپىغا مەغرۇر قاراپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇنىڭ تۇر-قىدىن جاھانغا سىغمايۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرد-دىكەن. تىككۈچى دىۋىنىڭ ئالدىدا چىمچىلاقچىلىكلا كېلىد-دىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ دىۋىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ:

— بۇرادەر، قانداق ئەھۋالىڭ؟ بۇ يەردە جاھانغا نەزەر سېلىپ ئولتۇردۇڭمۇ نېمە؟ مەنمۇ مۇشۇ كەڭ جاھاندا تەلەي سىناپ باقاي، دەپ ئاتلاندىم. يۈر، خالىساڭ مەن بىل-لە، سېنى ئالغاچ كېتەي.

— ھالىڭغا باقماي پو ئاتىسەنغۇ پەتەك! قۇرتچىلىك تۇرۇپ نېمەڭگە يوغان سۆزلەيسەن، — دەپتۇ دىۋە ئۇنى كۆزىگىمۇ ئىلىپ قويماي.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — دەپتۇ تىككۈچى ۋە شۇئان چاپىنىنى سېلىپ بەلۋېغىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ، — كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ماڭا بىر قارىغىنا، مانا مەن قانداق ئادەم؟!

دىۋە ئۇنىڭ بەلۋېغىدىكى «بىر ئۇرۇشتا يەتتىنى ئۆل-تۇرگەن» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ، ئۇنى بىر ئۇرۇشتا يەتتە ئادەمنى ئۆلتۇرگەن ئوخشايدۇ، دەپ قاپتۇ - دە، سەل پەس-كويغا چۈشۈپتۇ. لېكىن، ئۇ يەنىلا بۇ ۋىجىك ئادەمنى سىناپ باققىنىم تۈزۈك، دەپ ئويلاپ، بىر تال تاشنى ئېلىپ مىد-جىپلا سۇيىنى چىقىرىۋېتىپ:



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

— كۆچلۈك بولساڭ ماڭا ئوخشاش قىلىپ باقە قېنى، — دەپتۇ.

— ۋاي - ۋۇي، ھۈنىرىڭ شۇمىدى؟ مەن ئۈچۈن بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس، — تىككۈچى شۇنداق دېگىنىچە خالتىسىدىن ھېلىقى پىشلاقنى ئېلىپ، بىرلا مىجىپ سۈيىنى چىقىرىۋېتىپتۇ، — مانا مېنىڭ بىگىسىمنى كۆرۈپ باق.

دېۋە گەپ قىلماپتۇ. ئەمما، ئىچىدە بۇ پەتەك تىككۈچىگە قايىل بولماپتۇ، ئۇ يەردىن يەنە بىر تال تاشنى ئېلىپ ئاسمانغا قارىتىپ بىر ئېتىپتىكەن، ھېلىقى تاش كۆز يەتكۈسىز ئېگىزلىككە چىقىپ كېتىپتۇ.

— نۆۋەت ساڭا كەلدى، قېنى سەن قۇشقاچچىلىك جېنىڭ بىلەن تاشنى قانچىلىك ئېگىزگە ئاتىسەنكىن، — دەپتۇ ئۇ.

— ياخشى ئاتتىڭ، — دەپتۇ تىككۈچى، — ئەمما سەن ئاتقان تاش بەرىبىر قايتىپ يەرگە چۈشىدۇ. قارا، ماڭا، مەن تاش ئاتىدىغان بولسام ھەرگىز قايتىپ چۈشمەيدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپلا خالتىسىدىكى ھېلىقى قۇشنى قاماللاپ ئاسمانغا قارىتىپ بىر ئېتىپتىكەن، قۇش شۇ ئۇچقانچە ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىپ كېتىپ قايتىپ چۈشمەپتۇ.

— قانداق، ئاغىنە؟ سېنىڭچە جايىدا بولغاندۇ؟ — دەپتۇ تىككۈچى كۆرەڭلىگەن ھالدا.

— بىرنەرسە ئېتىشتا خېلى ھۈنىرىڭ بار ئىكەن. گەپ ئەمدى قانچىلىك ئېغىرلىقتىكى نەرسىنى كۆتۈرەلىشىڭدە



قالدى، — دەپتۇ دىۋە. ئاندىن ئاۋاق تىككۈچىنى باشلاپ كېسىۋېتىلگەن چوڭ بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

— كۈچلۈك بولساڭ بۇ دەرەخنى كۆتۈرۈشۈپ ئورماندىن ئاچىقىشىپ بەر.

— ۋاي ماقۇل، — دەپتۇ تىككۈچى، — دەرەخنىڭ غولىنى سەن ئۈشنەڭگە ئال، ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئېغىر تەردىپى شاخ پۇتاقلىرى ئىكەن، ئۇنى مەن كۆتۈرەي.

دىۋە بەستلىك بولغىنى بىلەن بەكمۇ گول ئىكەن. ئۇ دەرەخنىڭ غولىنى مۈرىسىگە ئېلىپ كەينىگىمۇ قارىماي مېڭىپتۇ. تىككۈچى دەرەخنىڭ توم شېخىغا مىنىۋاپتىكەن، دىۋە ئۇنى ھەم دەرەخنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېرىپتۇ. تىككۈچى بولسا «ئۈچ تىككۈچى ئاتلىق چىقتى شەھەردىن» دەپ ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرۇپتۇ. دىۋە ئېغىر دەرەخ بىلەن تىككۈچىنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ قارا تەرگە چۆمۈپتۇ.

— بۇرادەر، ماغدۇرۇم قالمىدى، دەرەخنى يەرگە قويدۇم ئەمىسە، — دەپتۇ ئۇ.

تىككۈچى دەرەخنىڭ غولىدىن ئەپچىللىك بىلەن سەكرەپ چۈشۈپتۇ ۋە دەرەخنى كۆتۈرۈپ كەلگەن قىياپەتتە قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— ۋاي - ۋۇي، تاغدەك بەستىڭ بولغان بىلەن مۇشۇنچىلىك دەرەخنىمۇ كۆتۈرەلمەيدىغان پور نېمىكەنسەن، — دەپتۇ.

ئۇلار بىللە يولغا راۋان بوپتۇ. يولدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا

بىر توپ گىلاس دەرىخى ئۇچراپتۇ. قارىسا دەرەخنىڭ ئۇچىدىكى گىلاسلار ئاپتاپنىڭ تەپتىدە تازا مەي باغلاپ پىشقانىكەن. دىۋە دەرەخنىڭ ئۇچىنى بىر قولى بىلەن شۇنداق ئېگىپ تىككۈچىنى گىلاس بىلەن تويغۇچە مېھمان قىلماقچى بوپتۇ. لېكىن، تىككۈچى بەك ۋىجىك، گىلاس دەرىخىنىڭ ئۇچىنى ئېگىپ تۇرالىغۇدەك كۈچى يوق ئىكەن. شۇ ئەسنادا دىۋە گىلاس دەرىخىنىڭ ئۇچىنى قويۇۋېتىپتىكەن، دەرەخ تۈزلىنىپ تىككۈچىنى ھاۋاغا قاڭقىتىپ تاشلاپتۇ، ئۇ خېلىدىن كېيىن يەرگە چۈشۈپتۇ. ئەمما، ھېچقانداق يېرى زەخىملەنمەپتۇ. دىۋە بۇنى كۆرۈپ تىككۈچىگە:

— قانداق بۇرادەر، ئېگىپ بەرگەن دەرەخنىڭ شېخىنىمۇ تۇتالىغۇدەك مادارىڭ يوق ئىكەنغۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، بۇرادەر، بىر ئۇرۇشتا يەتتە ئادەمنى ئۆلتۈرگەن مەندەك باتۇر ئاشۇ كىچىككىنە دەرەخ شېخىنى تۇتالماي قالامدىمەن؟ قارىسام بىر ئوۋچى ئورماندا تۇرۇپ مېنى قارىغا ئېلىۋېتىپتۇ، ئوقتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئاسمانغا سەكرىدىم دېگىنە. نوچى بولساڭ سەنمۇ شۇنچە ئېگىزگە سەكرەپ باقە، — دەپتۇ تىككۈچى.

دىۋە ئېگىزگە سەكرەپ بېقىپتۇ، لېكىن دەرەخنىڭ ئۇچىدىن زادىلا ھالقىيالماپتۇ. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ بىر سەكرەپتىكەن، دەرەخنىڭ ئاچىمىقىغا قىسىلىپ قاپتۇ. تىككۈچى ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئۇتۇپتۇ.

— باتۇر يىگىت بولساڭ مەن بىلەن بىللە ئۆڭكۈرگە

بېرىپ تۇنگىن، ــ دەپتۇ دىۋە.

تىككۈچى ماقۇل بولۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئوتنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان دىۋىلەرنىڭ ھەربىرى بىر قوينى كاۋاپ قىلىپ يەپ ئولتۇرغۇدەك. تىككۈچى ئەتراپىغا قاراپ بېقىپ ئىچىدە: «بۇ يەر مېنىڭ سەيپۇڭخانامدىن جىق چوڭ ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ.

دىۋە ئۇنىڭغا بىر كارىۋاتنى كۆرسىتىپتۇ. بۇ كارىۋات ناھايىتىمۇ چوڭ ئىكەن. تىككۈچى ئۇنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇ-گۈلۈپ يېتىپ ئۇخلاپتۇ، تەڭ كېچە بولغاندا دىۋە ئاستا ئور-نىدىن تۇرۇپ بىر تۆمۈر كالتەكنى ئاپتۇ ـ دە، بىرنى ئۇرۇپ كارىۋاتنى ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقان بىچارە ئىنجىمارۇقنى ئاللىقاچان ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى، دەپ ئويلاپتۇ. ئەتىسى قاق سەھەردە دىۋىلەر تىككۈچىنى ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىپ ئورمانغا كېتىپ-تۇ. تىككۈچى خۇددى ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك ئۇلارنىڭ كەينىدىن بېرىپتۇ. دىۋىلەر ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە بۇ باتۇر بىزنى ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن، دەپ قورقۇپ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىپ كېتىپتۇ.

تىككۈچى بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە قاراپ مې-ڭىۋېرىپ، ئاخىر بىر پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ بەك جىق يول مېڭىپ چارچاپ كەتكەچكە، چىمغا ئۆزىنى تاشلاپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، ئۇ تازا تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا، كىش-شىلەر ئۇنىڭ بەلۋېغىدىكى «بىر ئۇرۇشىدا يەتتىنى ئۆلتۈر-

گەن» دېگەن خەتنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ھەيران بولۇشۇپ ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىگە ئولىشىپتۇ.

«تووۋا، تىنچلىق زاماندا بۇ باتۇر قەيەرلەردىن كېلىپ قالدىكىنە؟ ئۇ بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلگەندۇر؟ ئۇ چوقۇم قالتىس ئادەم ئوخشايدۇ» دېيىشىپتۇ ئولىشىپ تۇرغانلار.

ئۇلار دەرھال بېرىپ بۇ ئىشنى پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ناۋادا ئۇرۇش بولۇپ قالسا، بۇ باتۇر قالتىس ئەسقاتىدۇ، شۇڭا ئۇنى ھەرگىز قولدىن چىقارمىسىلا، دەپتۇ. پادىشاھ بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنى باشلاپ كېلىشكە بىر ۋەزىرنى ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر ئۇ ئويغانغۇچە بېشىدا قاراپ تۇرۇپ، ئويغانغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزمەكچى بوپتۇ. تىككۈچى بىر چاغلاردا ئويغىنىپتۇ، ئېرىنچەكلىك بىلەن كېرىلىپ كۆزىنى ئېچىپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزۈپتۇ.

— مەن دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم، شاھقا خىزمەت قىلىشقا جېنىم پىدا، — دەپتۇ تىككۈچى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ يۇقىرى شان - شەرەپكە ئىگە بولۇپ ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشىپتۇ، كارامەت ھەشەمەتلىك ۋە كاتتا جايدا تۇرىدىغان بوپتۇ.

باشقا سەركەردە، نۆكەرلەر ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىشقا باشلاپتۇ، ئۇلار تىككۈچىنى قىلچە كۆزگە ئىلماپتۇ، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ كۆزدىن يوقاتماقچى بوپتۇ ۋە ئۆزئارا مەسلىھەتكە چۈشۈپتۇ:



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com